**5 - باسقۇچ**: ئىلتىماس قىلغۇچى پاسپورت پۈتكىچە سەۋرچانلىق بىلەن ساقلاپ تۇرىدۇ ھەمدە ”جۇڭگو كونسۇلى“ APPسىدە بېجىرىلىش ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈپ تۇرىدۇ. سىستېمىدىكى ئۇچۇر ”كىنىشكىنى ئېلىۋالسىڭىز بولىدۇ“ دېگەنگە ئۆزگەرگەندىن كېيىن، ئىلتىماس قىلغۇچى هال رەڭلىك ئېلىۋېلىش قەغىزىنى رەسىمگە تارتىپ، istanbul@csm.mfa.gov.cn ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقىغا ئەۋەتىپ، ئېلىۋېلىش ۋاقتىنى كېلىشىپ قويىدۇ، پاسپورت ئېلىش ئۈچۈن كونسۇلخانىغا كەلگەندە، ئەسلىدىكى پاسپورتى (ساياھەت كىنىشكىسى)، هال رەڭلىك ئېلىۋېلىش قەغىزى، ھەق تاپشۇرغانلىق تالونىنى ئېلىپ كېلىشى كېرەك.

**6 - باسقۇچ**: ئىلتىماس قىلغۇچى ئۈندىدار، بانكا كارتىسىدىن ھەق تاپشۇرۇش، بانكىدىن ھېسابات يۆتكەش

قاتارلىق شەكىللەر بىلەن ھەق تاپشۇرسا بولىدۇ، بانكا تىجارەت ۋاقتىسىغا بىرىپ ھەق تاپشۇرسىمۇ بولىدۇ. تۆۋەندىكى ھەرقانداق بىر خىل شەكىلنى تاللاپ ھەق تاپشۇرۇشقا بولىدۇ (تەكشۈرۈشكە قولاي بولسۇن ئۈچۈن، پاسپورتنى ئىلىش ئۈچۈن باش كونسۇلخانىغا كەلگەندە ھەق تاپشۇرۇشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمىز):

1. نەق مەيداندا ھەق تاپشۇرۇش: ئۈندىدار ياكى بانكا كارتىسى بىلەن باش كونسۇلخانىدا نەق مەيداندا ھەق تاپشۇرۇش.

2. توردا ھىساب يۆتكەش: ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ تور بانكىسى بىلەن كونسۇلخانىمىزنىڭ ICBC Turkey ھىسابىغا بىۋاستە پۇل يۆتكىسە بولىدۇ.

كونسۇلخانىمىزنىڭ IBAN ھىسابات نومۇرى:

TR86 0010 9000 2500 8115 9000 01

كونسۇلخانىنىڭ بانكا ھىسابات نامى:

CIN HALK CUMHURIYETI ISTANBUL BASKONSOLOSLUGU

ھىسابات يۆتكىگەندە، چوقۇم بانكا ھىسابات نومۇرى ۋە ھىسابات نامىغا دىققەت قىلىڭ ھەمدە ھىسابات يۆتكىگەنلىك ئەسكەرتمىسى (Description/Açıklama)گە ئىلتىۋىلىش قەغىزىدىكى سەككىز خانىلىق نومۇرنى يىزىڭ، ھىسابات يۆتكەش

مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغاندىن كېيىن ھېسابات يۆتكىگەنلىك خاتىرىسىنى رەسىمگە تارتىپ بېسىپ چىقىرىپ قويۇڭ. پاسپورتنى ئېلىۋېلىشقا كەلگەندە، ئېلىۋېلىش قەغىزىنى ۋە ئۆزىڭىز بېسىپ چىقارغان ھېسابات يۆتكىگەنلىك خاتىرىسىنى ئېلىپ كېلىسىز؛

ھېسابات يۆتكىگەندە، ئەسكەرتىش قىسمىغا ئېلىۋېلىش قەغىزىدىكى نومۇرنى يازماي قالسىڭىز، كونسۇلخانىمىز مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرنى تەكشۈرۈپ دەلىللەشكە ئامالسىز قالىدۇ، بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەتكە ئىلتىماس قىلغۇچى ئۆزى ئىگە بولىدۇ.

3. بانكىدا تاپشۇرۇش: تۈركىيەنىڭ تۈرۈش كىنىشكىسى بار بولغان ئىلتىماس قىلغۇچى كونسۇلخانىمىز بەرگەن ئېلىۋېلىش قەغىزىنى ئېلىپ، ICBC Turkey بانكا نۇقتىسىغا بېرىپ ھەق تاپشۇرسىڭىزمۇ بولىدۇ، ھەق تاپشۇرغانلىق تالونىنى ئوبدان ساقلاڭ، پاسپورتنى ئېلىۋېلىشقا كەلگەندە، ئېلىۋېلىش قەغىزى ۋە ھەق تاپشۇرغانلىق تالونىنى ئېلىپ كېلىسىز.

**ICBC Turkey بانكا نۇقتىلىرىنىڭ ئادرېسى:**

https://www.icbc.com.tr/tr/bize-ulasin/sube-atm/Sube-ATMlerimiz/236/762/0

## 5. سايامەت كىنىشكىسى بېجىرىش

تەتبىقلىنىدىغان ئەھۋاللار:

1. چەت ئەلگە چىققاندا پاسپورتى يوقىتىپ كېتىپ، ئوغرىلىنىپ، بۇلاپ كېتىلىپ، بۇزۇلۇپ كېتىپ، ۋەتىنىگە قايتىشقا ئالدىرايدىغان جۇڭگو پۇقرالىرى؛

2. جىددىي ئەھۋالدا پاسپورت ئىلتىماس قىلىشقا ئۈلگۈرمەيدىغان جۇڭگو پۇقرالىرى؛

3. ”يۇرتقا قايتىش كىنىشكىسى“ ئالمىغان، ئەمما ئىچكى رايونلارغا بېرىش ئېھتىياجى تۇغۇلغان جۇڭگو تەۋەلىكىدىكى شياڭگاڭ، ئاۋمېن ئاھالىلىرى؛

4. ”تەيۋەنلىك قېرىنداشلار كىنىشكىسى“ ئالمىغان، ئەمما ئىچكى رايونلارغا بېرىش ئېھتىياجى تۇغۇلغان جۇڭگو تەۋەلىكىدىكى تەيۋەن ئاھالىلىرى؛

5. دۆلەت تەۋەلىكىدە ئالاھىدە ئەھۋال بولغان بەزى كىشىلەر.

1- **باسقۇچ:** ئىلتىماس قىلغۇچى (16 ياشقا توشمىغان قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋەسىيسى ۋاكالىتەن بېجىرىپ بەرسە بولىدۇ، بىر ھېسابات نومۇرى بىلەن

بىر قانچە ئىلتىماسنى سۈنۈشقا بولىدۇ) ”جۇڭگو كونسۇلى“ APPسىدە پاسپورت، ساياھەت كىنىشكىسى ئىلتىماس قىلىدۇ.

**2-باسقۇچ:** ماتېرىياللارنى توردا ئەينەن تولدۇرۇپ، تۆۋەندىكى سۈرەتلەرنى يوللايدۇ:

قۇرامىغا يەتكەنلەر مۇنۇلارنى يوللايدۇ: 1. پاسپورت (ساياھەت كىنىشكىسى) ۋە جۇڭگو كىملىكى (نوپۇس دەپتىرى)نىڭ ئەسلىي نۇسخىسى؛

2. پاسپورتتىكى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم جۇڭگو چېگراسىدىن چىقىش تامغىسى ۋە تۈركىيە چېگراسىدىن كىرىش تامغىسى بېسىلغان بەتنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسى (ئەگەر بار بولسا)؛

3. چەت ئەلدە تۇرۇش كىنىشكىسىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى ياكى ۋىزىسىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى (ئەگەر بار بولسا)؛

4. پاسپورت يۈتۈپ كەتكەنلىك توغرىسىدىكى دېلو مەلۇم قىلىش خاتىرىسى (ئەگەر بار بولسا)؛

5. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پاسپورت / ساياھەت كىنىشكىسى ئىلتىماس جەدۋىلى»، بايانات ۋە ئۆزىنىڭ

پاسپورتى يوْتوْپ كەتكەنلىك، ئوغرىلانغانلىق، بۇلاپ كېتىلگەنلىك، بۇزۇلۇپ كەتكەنلىك توغرىسىدىكى ئەھۋال چۈشەندۈرۈشى (تۆۋەندىكى ئۇلانمىنى چېكىپ چۈشۈرسىڭىز بولىدۇ)

http://istanbul.china-consulate.gov.cn/chn/lsfw/zjfw/hzlxz/202110/P020220121767746349760.pdf

http://istanbul.china-consulate.gov.cn/chn/lsfw/zjfw/hzlxz/202110/P020220121767746737007.pdf

http://istanbul.china-consulate.gov.cn/chn/lsfw/zjfw/hzlxz/202110/P020220121767747404220.pdf

قۇرامىغا يەتمىگەنلەر يەنە مۇنۇلارنى يوللايدۇ:

1. ئاتا – ئانىسىنىڭ پاسپورتى ۋە جۇڭگو كىملىكى (نوپۇس دەپتىرى)نىڭ ئەسلىي نۇسخىسى؛

2. دۆلەت سىرتىدىكى نوپۇس باشقۇرۇش تارمىقى بەرگەن تۇغۇلغانلىق ئىسپاتى ۋە ئۆز پەرزەنتى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدىغان باشقا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار؛

3. ئاتا – ئانىسىنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەن پەرزەنتى تۇغۇلغان چاغدىكى چەت ئەلدە تۇرۇش كىنىشكىسىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى ياكى ۋىزىسىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى؛

4. ئاتا–ئانىسىنىڭ ئۆيلىنىش خېتى (ئەگەر بار بولسا).

3 – **باسقۇچ**: ماتېرىياللار "جۇڭگو كونسۇلى" APP سىدە تەكشۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، ئىلتىماس قىلغۇچى

كونسۇلخانىغا بېرىش ۋاقتىنى ئالدىن كېلىشىدۇ، ئاندىن كېلىشكەن ۋاقىتتا كونسۇلخانىغا بارىدۇ.

**دىققەت:** 16 ياشقا توشمىغان ئىلتىماس قىلغۇچى ساياھەت كىنىشكىسى بېجىرىشتە، قانۇندا بەلگىلەنگەن بىرلا ۋەسىيسى (دادىسى، ئاپىسى ياكى قانۇندا بەلگىلەنگەن باشقا ۋەسىيسى) ھەمراھ بولۇپ كەلسە بولىدۇ. بىللە كەلگەن ۋەسىي ئۆزىنىڭ كۆچكە ئىگە سالاھىيەت ئىسپات ماتېرىيالى (مەسىلەن، پاسپورت، ساياھەت كىنىشكىسى قاتارلىقلار) ھەمدە ۋەسىيلىك مۇناسىۋىتى ئىسپاتى (مەسىلەن، تۇغۇلغانلىق ئىسپاتى، ئۆز پەرزەنتىلىك مۇناسىۋىتى يېزىلغان نوپۇس دەپتىرى، ۋەسىيلىك مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خېتى قاتارلىقلار)نىڭ ئەسلىي نۇسخىسى، كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى بېرىشى كېرەك.

4 – **باسقۇچ**: كونسۇلخانىغا كەلگەندە، تۆۋەندىكى ماتېرىياللارنى ئېلىپ كېلىش كېرەك (يۇقىرىدا ئېيتىلغان ماتېرىياللار بىلەن ئاساسەن ئوخشاش):

1. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پاسپورت / ساياھەت كىنىشكىسى ئىلتىماس جەدۋىلى»، بايانات ۋە ئۆزىنىڭ پاسپورت يۇتۇپ كەتكەنلىك، ئوغرىلانغانلىق، بۇلاپ كېتىلگەنلىك،

بۇزۇلۇپ كەتكەنلىك توغرىسىدىكى ئەھۋال چۈشەندۈرۈشىنى ئەينەن، تولۇق تولدۇرۇش كېرەك. (تۆۋەندىكى ئۇلانمىنى چېكىپ چۈشۈرسىڭىز بولىدۇ)

http://istanbul.china-consulate.gov.cn/chn/lsfw/zjfw/hzlxz/202110/P020220121767746349760.pdf

http://istanbul.china-consulate.gov.cn/chn/lsfw/zjfw/hzlxz/202110/P020220121767746737007.pdf

http://istanbul.china-consulate.gov.cn/chn/lsfw/zjfw/hzlxz/202110/P020220121767747404220.pdf

2. يېقىندا (ئالتە ئاي ئىچىدە) ئۇدۇلدىن بەدەننىڭ ئۈستۈنكى قىسمى تارتىلغان، يالاڭباش چۈشكەن رەڭلىك رەسىمدىن ئۈچ پارچە (رەسىم قەغىزى پارقىراق بولىدۇ)، چوڭلۇقى48mm×33mm، باش قىسمىنىڭ كەڭلىكى 15mmدىن 22mm غىچە، ئېگىزلىكى 28mmدىن 33mmغىچە بولىدۇ، تەگ رەڭگى ئاق بولىدۇ، سۇس رەڭلىق كىيىم كىيىشكە بولمايدۇ. چىراي ئىپادىسى تەبىئىي، ئىككى كۆزى ئوچۇق، كالپۇكى تەبىئىي يېپىق، بارلىق چىراي ئالاھىدىلىكى ئېنىق كۆرۈنۈش كېرەك (رەسىم ئۆلچىمى توغرىسىدىكى تەلەپنى ئېلېكترونلۇق پاسپورت رەسىمى ئۆلچىمىدىن كۆرۈۋېلىڭ:

http://cs.mfa.gov.cn/zlbg/bgzl/hzlxz/202204/t20220408_10665772.shtml )

3. پاسپورت (ساياھەت كىنىشكىسى)دىكى ماتېرىيال بېتىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسى، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم

جۇڭگو چېگراسىدىن چىقىش تامغىسى ۋە تۇركىيە چېگراسىدىن كىرىش تامغىسى بېسىلغان بەتنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسى (ئەگەر بار بولسا)؛

4. جۇڭگو كىملىكى ياكى نوپۇس دەپتىرىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسى (ئەگەر بار بولسا)؛

5. تۇرۇشلۇق دۆلەت ياكى باشقا دۆلەتنىڭ تۇرۇش كىنىشكىسى ياكى ۋىزىسىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى ۋە كۆپەيتىلگەن نۇسخىسى (ئەگەر بار بولسا)؛

6. ئۆزىنىڭ پاسپورت يۇتۇپ كەتكەنلىك، ئوغرىلانغانلىق، بۇلاپ كېتىلگەنلىك، بۇزۇلۇپ كەتكەنلىك توغرىسىدىكى ئەھۋال چۈشەندۈرۈشى ياكى پاسپورت يۇتۇپ كەتكەنلىك توغرىسىدىكى دېلو مەلۇم قىلىش خاتىرىسى (ئەگەر بار بولسا).

قۇرامىغا يەتمىگەنلەر ئۈچۈن يەنە مۇنۇلارنى ئېلىپ كېلىش كېرەك:

1. ھەمراھ بولۇپ كونسۇلخانىغا كېلىدىغان ئاتا ياكى ئانىنىڭ كۈچكە ئىگە سالاھىيەت ئىسپات ماتېرىيالى (مەسىلەن، پاسپورت، ساياھەت كىنىشكىسى قاتارلىقلار) نىڭ ئەسلىي نۇسخىسى ، كۆپەيتىلگەن نۇسخىسى؛

2. دۆلەت سىرتىدىكى نوپۇس باشقۇرۇش تارمىقى بەرگەن

تۇغۇلغانلىق ئىسپاتى ياكى ۋەسىيلىك مۇناسىۋىتىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدىغان باشقا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى، كۆپەيتىلگەن نۇسخىسى؛

3. ھەمراھ بولۇپ كونسۇلخانىغا كېلىدىغان ئاتا ياكى ئانىنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەن پەرزەنتى تۇغۇلغان چاغدىكى چەت ئەلدە تۇرۇش كىنىشكىسىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى ياكى ۋىزىسىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى؛

4. ئاتا –ئانىسىنىڭ ئۆيلىنىش خېتى (ئەگەر بار بولسا).

ئىلتىماس قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، كونسۇلخانىمىزنىڭ خىزمەتچى خادىمى ئىلتىماس قىلغۇچىغا ھال رەڭلىك ئېلىنۋېلىش قەغىزى بېرىدۇ.

**دىققەت:** ئىلتىماس قىلغۇچى ساياھەت كىنىشكىسى بېجىرىشنى ئىلتىماس قىلغان ھامان، ئەسلىدىكى پاسپورتى، ساياھەت كىنىشكىسى بىكار قىلىنىدى دەپ جاكارلىنىدۇ، تېپىلىپ قالسىمۇ داۋاملىق ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، تېزدىن كۇنسۇلخانىغا كېلىپ رويىخەتتىن ئۆچۈرگۈزۈش كېرەك. بىكار قىلىنغان پاسپورت، ساياھەت كىنىشكىسىنى ئېلىپ چېگرادىن كىرمەكچى بولغانلار چېگرادىن كىرىشتە رەت قىلىنىشى ياكى جەرىمانە ئېلىنىشى مۇمكىن.

5 – **باسقۇچ**: ئىلتىماس قىلغۇچى كىنىشكا پۈتكىچە سەۋرچانلىق بىلەن ساقلاپ تۇرىدۇ ھەمدە ”جۇڭگو كونسۇلى“ APPسىدە بېجىرىلىش ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈپ تۇرىدۇ. سىستېمىدىكى ئۇچۇر ”كىنىشكىنى ئېلىۋالسىڭىز بولىدۇ“ دېگەنگە ئۆزگەرگەندىن كېيىن، ئىلتىماس قىلغۇچى ھال رەڭلىك ئېلىۋېلىش قەغىزىنى رەسىمگە تارتىپ، istanbul@csm.mfa.gov.cn ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقىغا ئەۋەتىپ، ئېلىۋېلىش ۋاقتىنى كېلىشىپ قويىدۇ، كىنىشكا ئېلىش ئۈچۈن كونسۇلخانىغا كەلگەندە، ئەسلىدىكى پاسپورتى (ساياھەت كىنىشكىسى)، ھال رەڭلىك ئېلىۋېلىش قەغىزى، ھەق تاپشۇرغانلىق تالونىنى ئېلىپ كېلىشى كېرەك.

6 – **باسقۇچ**: ئىلتىماس قىلغۇچى ئۈندىدار، بانكا كارتىسىدىن ھەق تاپشۇرۇش، بانكىدىن ھېسابات يۆتكەش قاتارلىق شەكىللەر بىلەن ھەق تاپشۇرسا بولىدۇ، بانكا تىجارەت ۋاقتىدا ھەق تاپشۇرسىمۇ بولىدۇ. تۆۋەندىكى ھەرقانداق بىر خىل شەكىلنى تاللاپ ھەق تاپشۇرۇشقا بولىدۇ (تەكشۈرۈشكە قولاي بولسۇن ئۈچۈن، كىنىشكىنى ئېلىش ئۈچۈن باش كونسۇلخانىغا كەلگەندە ھەق تاپشۇرۇشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمىز):

1. نەق مەيداندا ھەق تاپشۇرۇش: ئۆندىدار ياكى بانكا كارتىسى بىلەن باش كونسۇلخانىدا نەق مەيداندا ھەق تاپشۇرۇش.

2. توردا ھېسابات يۆتكەش: ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ تور بانكىسى بىلەن كونسۇلخانىمىزنىڭ ICBC Turkey ھېسابىغا بىۋاستە پۇل يۆتكىسە بولىدۇ.

كونسۇلخانىمىزنىڭ IBAN ھېسابات نومۇرى:

TR86 0010 9000 2500 8115 9000 01

كونسۇلخانىنىڭ بانكا ھېسابات نامى:

CIN HALK CUMHURIYETI ISTANBUL BASKONSOLOSLUGU

ھېسابات يۆتكىگەندە، چوقۇم بانكا ھېسابات نومۇرى ۋە ھېسابات نامىغا دىققەت قىلىڭ ھەمدە ھېسابات يۆتكىگەنلىك ئەسكەرتمىسى (Description/Açıklama)گە ئىلتىۋىلىش قەغىزىدىكى سەككىز خانىلىق نومۇرنى يېزىڭ، ھېسابات يۆتكەش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغاندىن كېيىن ھېسابات يۆتكىگەنلىك خاتىرىسىنى رەسىمگە تارتىپ بېسىپ چىقىرىپ قويۇڭ. كىنىشكىنى ئىلتىۋىلىشقا كەلگەندە، ئىلتىۋىلىش قەغىزىنى ۋە ئۆزىڭىز بېسىپ چىقارغان ھېسابات يۆتكىگەنلىك خاتىرىسىنى ئېلىپ كېلىسىز؛

ھېسابات يۆتكىگەندە، ئەسكەرتىش قىسمىغا ئىلتىۋىلىش

قەغەزىدىكى نومۇرنى يازماي قالسىڭىز، كونسۇلخانىمىز مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرنى تەكشۈرۈپ دەلىللەشكە ئامالسىز قالىدۇ، بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەتكە ئىلتىماس قىلغۇچى ئۆزى ئىگە بولىدۇ.

3. بانكىدا تاپشۇرۇش: تۈركىيەنىڭ تۇرۇش كىنىشكىسى بار بولغان ئىلتىماس قىلغۇچى كونسۇلخانىمىز بەرگەن ئېلىۋېلىش قەغەزىنى ئېلىپ، ICBC Turkey بانكا نۇقتىسىغا بېرىپ ھەق تاپشۇرسىڭىزمۇ بولىدۇ، ھەق تاپشۇرغانلىق تالونىنى ئوبدان ساقلاڭ، كىنىشكىنى ئېلىۋېلىشقا كەلگەندە، ئېلىۋېلىش قەغىزى ۋە ھەق تاپشۇرغانلىق تالونىنى ئېلىپ كېلىسىز.

**ICBC Turkey بانكا نۇقتىلىرىنىڭ ئادرېسى:**

https://www.icbc.com.tr/tr/bize-ulasin/sube-atm/Sube-ATMlerimiz/236/762/0

# 6. ” يېشىل يول“ ئارقىلىق ئىلتىماس قىلغاندا بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلار

جۇڭگونىڭ ئىستانبۇلدا تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسى جىددىي ئىنسانپەرۋەرلىك نۇقتىسىدىن (ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرىغا بېرىش ۋە ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغان تۇغقانلىرىنى يوقلاشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) جۇڭگوغا بارىدىغانلارنىڭ ساياھەت كىنىشكىسى ئىلتىماس قىلىشى ئۈچۈن ”يېشىل يول“ ئېچىپ، كىنىشكا بېجىرىشكە قولايلىق يارىتىپ بېرىدۇ. بېجىرىشتە بىلىشكە تېگىشلىك مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى تۆۋەندىكىچە ئېلان قىلدۇق، ئېھتىياجى بار ئىلتىماس قىلغۇچىلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك تەرتىپ بويىچە بېجىرىشىنى سورايمىز.

(1) ” جۇڭگو كونسۇلى“ APP سى ئارقىلىق توردا پاسپورت، ساياھەت كىنىشكىسى بېجىرىش ئىلتىماسىنى تاپشۇرۇڭ ( ”ساياھەت كىنىشكىسى ئالماشتۇرۇش“ كەسپىنى تاللاڭ).

(2) ئىلتىماس مۇۋەپپەقىيەتلىك سۇنۇلغاندىن كېيىن، «ساياھەت كىنىشكىسىنى جىددىي ئىلتىماس قىلىش توغرىسىدىكى ئەھۋال چۈشەندۈرۈشى»نى ئەينەن، تولۇق تولدۇرۇڭ (http://istanbul.china-consulate.gov.cn/chn/lsfw/zjfw/hzlxz/202110/P020230412769480532529.docx) نى

چېكىپ چۈشۈرسىڭىز بولىدۇ)، «چۈشەندۈرۈش»نى مۇناسىۋەتلىك ئىسپات ماتېرىياللىرى بىلەن بىللە istanbul@csm.mfa.gov.cn دېگەن ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقىغا ئەۋەتىڭ. پوچتا يوللانمىسىنىڭ نامى چوقۇم ”جىددىي ساياھەت كىنىشكىسى بېجىرىش + جۇڭگو كونسۇلى APPسىدىكى زاكاس نومۇرى + ئىسىم – فامىلە“ شەكلىدە يېزىلسۇن. (دىققەت: ئېلېكترونلۇق پوچتا يوللانمىسىنىڭ نامى تەلەپكە ئۇيغۇن كەلمىسە، APPدىكى زاكاس كەسپى خاتا تاللانسا، «چۈشەندۈرۈش» تولۇق تولدۇرۇلمىغان بولسا، ئىسپات ماتېرىياللىرى كەم بولسا، مۇناسىۋەتلىك ئىلتىماس بېجىرىلمەي قالىدۇ) .

(3) باش كونسۇلخانىنىڭ خادىملىرى شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىلتىماسقا ئېلېكترونلۇق پوچتا يوللانمىسى ئەۋەتىش ياكى تېلېفون بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق كونكرېت كىنىشكا بېجىرىش ئەھۋالىنى ئۇقتۇرۇپ، جىددىي كىنىشكا بېجىرىشىڭىزگە قولايلىق يارىتىپ بېرىدۇ.

# 7. پاسپورت قاتارلىق كىنىشكىلەرنىڭ ھەق ئۆلچىمى

| باھاسى ( تۈركىيە لىراسى ) | بېجىرىدىغان كەسىپ تۈرى | |
|---|---|---|
| 430 | بېجىرىش | ئادەتتىكى پاسپورت |
| 0 | ئىزاھات قوشۇش | ئادەتتىكى پاسپورت |
| 430 | بېجىرىش | ساياھەت كىنىشكىسى |
| 0 | ۋەتەنگە قايتىش ئىسپاتى | |
| 720 | دۆلەت تەۋەلىكىگە ئۆتۈش كىنىشكىسى \ دۆلەت تەۋەلىكىدىن چېكىنىش كىنىشكىسى | |
| 180 | دۆلەت تەۋەلىكىگە ئۆتۈش \ تەۋەلىكىدىن چېكىنىش \ تەۋەلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش رەسمىيەت ھەققى | |

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پاسپورت / ساياھەت كىنىشكىسى / ۋەتەنگە قايتىش ئىسپاتى ئىلتىماس جەدۋىلى

<table>
<tr><td rowspan="4">شەخسىي ئۇچۇر</td><td>خەنزۇچە فامىلە</td><td></td><td>پىنيىن (فامىلە)</td><td colspan="2"></td><td colspan="2" rowspan="7">**رەسىم ئورنى**<br>★يېقىنقى رەسىم (6 ئاي ئىچىدىكى).<br>★ئالدىدىن تارتىلغان (ئىككى قۇلاق كۆرۈنۈشى)؛<br>★يالاڭباش (باش كىيىم كىيمەسلىك، قېنىق گىرىم قىلماسلىق)؛<br>★ رەسىمنىڭ تەگ رەڭگى ئاق ياكى سۇس كۆك رەڭدە بولىدۇ؛<br>★ چوڭلۇقى: 48mm × 33mm ، باش قىسمىنىڭ كەڭلىكى21-24mm ، ئېگىزلىكى 28-33mm.<br>★ئۈچ پارچە رەسىم بېرىسىز.</td></tr>
<tr><td>خەنزۇچە ئىسىم</td><td></td><td>پىنيىن (ئىسىم)</td><td colspan="2"></td></tr>
<tr><td>جىنسى</td><td>□ئايال□ ئەر</td><td>مىللىتى</td><td colspan="2"></td></tr>
<tr><td>تۇغۇلغان ۋاقتى</td><td>-يىل -ئاي -كۈن</td><td>تۇغۇلغان يېرى</td><td colspan="2">ئۆلكە (ئاپتونوم رايون \ بىۋاستە قاراشلىق شەھەر)</td></tr>
<tr><td rowspan="3">ئەسلىي كىنىشكىنىڭ ئەھۋالى</td><td>تۈرى</td><td colspan="4">□ ئادەتتىكى پاسپورت □ دىپلوماتىك پاسپورت □ ھۆكۈمەت ئىشى پاسپورتى □ ھۆكۈمەت ئىشى ئادەتتىكى پاسپورتى □ باشقىلار، چۈشەندۈرۈڭ:</td></tr>
<tr><td>نومۇرى</td><td></td><td>تارقىتىلغان يەر</td><td colspan="2"></td></tr>
<tr><td>تارقىتىلغان ۋاقتى</td><td>-يىل -ئاي -كۈن</td><td>كۈچكە ئىگە مۇددىتى</td><td colspan="2">-يىل -ئاي - كۈن</td></tr>
<tr><td colspan="2" rowspan="2">ھۆكۈمەت پاسپورتى ياكى دېڭىزچىلىق كىنىشكىسى بولغانلار تولدۇرىدۇ</td><td>دۆلەت ئىچىدىكى ئەۋەتكۈچى ئورۇن</td><td colspan="2"></td><td>تەستىقلانغان دۆلەت سىرتىدا تۇرۇش مۇددىتى</td><td colspan="2"></td></tr>
<tr><td>دۆلەت سىرتىغا چىقىش سەۋەبى</td><td colspan="5">□ۋاقىتلىق كاماندىرۇپكا □ ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇش □ باشقىلار، چۈشەندۈرۈڭ :</td></tr>
<tr><td colspan="2" rowspan="2">دۆلەت ئىچىدىكى نوپۇستىكى ئادرېسى</td><td colspan="3" rowspan="2"></td><td>ئالاقىلاشقۇچى</td><td colspan="2"></td></tr>
<tr><td>تېلېفون نومۇرى</td><td colspan="2"></td></tr>
<tr><td colspan="2">دۆلەت سىرتىدىكى ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇش ئادرېسى</td><td colspan="3"></td><td>تېلېفون نومۇرى</td><td colspan="2"></td></tr>
<tr><td colspan="2">ھازىرقى كەسپى ۋە خىزمەت ئورنىنىڭ نامى</td><td colspan="3"></td><td>تېلېفون نومۇرى</td><td colspan="2"></td></tr>
<tr><td colspan="2" rowspan="2">ئىلتىماس تۈرى</td><td colspan="6">□پاسپورت بېجىرىش □ پاسپورت ئالماشتۇرۇش □ پاسپورت تولۇقلاش □ ساياھەت كىنىشكىسى □ ۋەتەنگە قايتىش ئىسپاتى □ ھۆكۈمەت ئىشى پاسپورتىنى شەخسىي پاسپورتقا ئالماشتۇرۇش</td></tr>
<tr><td>پاسپورتقا ئىزاھات قوشۇش</td><td colspan="5">كونكرېت مەزمۇنى :</td></tr>
<tr><td rowspan="3">ئائىلە ئەزالىرى</td><td>تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى</td><td>ئىسىم—فامىلىسى</td><td colspan="4">ھازىرقى ئادرېسى</td><td>تېلېفون نومۇرى</td></tr>
<tr><td>جورىسى</td><td></td><td colspan="4"></td><td></td></tr>
<tr><td>ئاتىسى</td><td></td><td colspan="4"></td><td></td></tr>
</table>

<table dir="rtl">
<tr><td></td><td colspan="2"></td><td></td><td>ئانىسى</td><td></td></tr>
<tr><td>-يىل - ئاي - كۈن</td><td>باشقا دۆلەت تەۋەلىكىگە ئۆتكەن ۋاقتى</td><td>□ ھەئە □ ياق</td><td>چەت ئەل تەۋەلىكى</td><td colspan="2" rowspan="3">چەت ئەل تەۋەلىكىگە ئۆتكەنمۇ ياكى چەت ئەلنىڭ پاسپورتىنى ئالغانمۇ؟</td></tr>
<tr><td></td><td>چەت ئەل پاسپورتىنىڭ نومۇرى</td><td rowspan="2">□ ھەئە □ ياق</td><td rowspan="2">چەت ئەلنىڭ پاسپورتى</td></tr>
<tr><td></td><td>چۈشەندۈرۈشكە تېگىشلىك ئەھۋال</td></tr>
</table>

**مەن يۇقىرىدىكى مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسىنىڭ راستلىقىغا ھەمدە كونسۇل خادىملىرى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىمگە كاپالەت بېرىمەن. ئەگەر يوشۇرغان بولسام، بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان بارلىق قانۇن جاۋابكارلىقىنى ئۆز ئۈستۈمگە ئالىمەن.**

**ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ ئىمزاسى** (خەنزۇچە كەيشۇ، ئاددىيلاشتۇرۇلغان خەت نۇسخىسى بىلەن):

**ئىلتىماس قىلىش ۋاقتى: -يىل - ئاينىڭ - كۈنى**

(ئەگەر ئىلتىماس قىلغۇچى قۇرامىغا يەتمىگەن بالا بولسا، ھەمراھ بولۇپ كەلگەن ئاتا-ئانىسى ياكى ۋەسىيسى نەق مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، ئىلتىماس جەدۋىلىنى ۋاكالىتەن تولدۇرۇپ بەرسە بولىدۇ ھەمدە ئاتا-ئانا ياكى ۋەسىينىڭ ئىمزاسىنى قويىدۇ، ئىلتىماس قىلغۇچى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئېنىق يازىدۇ).

<table dir="rtl">
<tr><td rowspan="2">كونسۇل خادىمىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلاش پىكرى، ئىمزاسى ۋە ۋاقتى (ئىسىم—فامىلىسى خەنزۇچە كەيشۇ خەت نۇسخىسى بىلەن تولۇق يېزىلىدۇ)</td><td rowspan="2">قوبۇل قىلغۇچىنىڭ پىكرى، ئىمزاسى ۋە ۋاقتى (ئىسىم—فامىلىسى خەنزۇچە كەيشۇ خەت نۇسخىسى بىلەن تولۇق يېزىلىدۇ)</td><td colspan="3">كونسۇل خادىمى بىلەن ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ كۆرۈشۈش ئەھۋالى</td><td rowspan="5">كونسۇل خادىمى تولدۇرىدىغان مەخسۇس ئىستون</td></tr>
<tr><td>كۆرۈشمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبى</td><td>□ئىلتىماس قىلغان ۋاقىتتا<br>□كېيىنكى ئالغان ۋاقىتتا<br>□ كۆرۈشمىدى</td><td>كۆرۈشۈش شەكلى</td></tr>
<tr><td rowspan="3"></td><td rowspan="3"></td><td rowspan="2"></td><td>□ كونسۇلخانىدا<br>□ باشقا يەردە ، چۈشەندۈرۈڭ :</td><td>كۆرۈشكەن ئورۇن</td></tr>
<tr><td>-يىل -ئاي -كۈن</td><td>ۋاقىت</td></tr>
<tr><td colspan="2"></td><td>كونسۇل خادىمىنىڭ ئىمزاسى (ئىسىم-فامىلىسى خەنزۇچە كەيشۇ خەت نۇسخىسى بىلەن تولۇق يېزىلىدۇ)</td></tr>
</table>

# ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ باياناتى

مەن شۇنداق بايانات بېرىمەنكى:

1. پاسپورت ئالماشتۇرۇشنى ئىلتىماس قىلغاندا، ئەسلىدىكى پاسپورتنىڭ رويخەتتىن ئۆچۈرۈلىدىغانلىقىدىن خەۋىرىم بار.

2. پاسپورت تولۇقلاپ بېجىرىشنى ئىلتىماس قىلغاندا، ئەسلىدىكى پاسپورتنىڭ بىكار قىلىنىدىغانلىقىدىن خەۋىرىم بار.

3. پاسپورت بېجىرىلىپ بولغاندىن كېيىن، بىر يىل ئىچىدە پاسپورتنى تاپشۇرۇپ ئېلىۋېلىشىم كېرەكلىكىنى، ئەگەر بىر يىل ئىچىدە ئېلىۋالمىسام، پاسپورتنىڭ رويخەتتىن ئۆچۈرۈلىدىغانلىقىدىن خەۋىرىم بار.

ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ ئىمزاسى: (ئىلتىماس قىلغۇچى جۇڭگونىڭ چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسى ۋە كونسۇلخانىسىنىڭ خادىمىنىڭ ئالدىدا يۈزتۇرا ئىمزا قويۇشى كېرەك، بۇنىڭدىن بۇرۇن قويۇلغان ئىمزا ئىناۋەتسىز بولىدۇ)

______________ -يىل -ئاينىڭ -كۈنى

دىققەت:

ئەگەر ئىلتىماس قىلغۇچى 16 ياشقا توشمىغان بولسا، ئاتا -ئانىسى ياكى ۋەسىيسى ئىلتىماس جەدۋىلىنى ۋاكالىتەن تولدۇرۇپ بەرسە بولىدۇ ھەمدە ئاتا-ئانا ياكى ۋەسىينىڭ ئىمزاسىنى قويىدۇ، ئىلتىماس قىلغۇچى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئېنىق يازىدۇ. ئاتا-ئانىسى ياكى ۋەسىيسى كونسۇلخانا خادىمىغا ئىلتىماس قىلغۇچى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئىسپاتلىيالايدىغان قانۇن كۈچىگە ئىگە ھۆججەتنىڭ ئەسلي نۇسخىسىنى كۆرسىتىشى ھەمدە كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى تەمىنلىشى كېرەك (مەسىلەن: توغۇلغانلىق ئىسپاتى قاتارلىقلار) .

# ۋەسىيىنىڭ پىكرى

ئەگەر ئىلتىماس قىلغۇچى بۇ جەدۋەلنى تاپشۇرغان كۈنى 16 ياشقا توشمىغان بولسا، ئىلتىماس قىلغۇچىغا ۋەسىيلىك قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بارلىق ۋەسىيلىرى ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ پاسپورت، ساياھەت كىنىشكىسى بېجىرىشكە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشى ۋە ئىمزا قويۇشى كېرەك.

ئاتىسىنىڭ ئىمزاسى: ________ -يىل -ئاينىڭ -كۈنى

ئانىسىنىڭ ئىمزاسى: ________ -يىل -ئاينىڭ -كۈنى

ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ ۋەسىيسى ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ ئاتا-ئانىسى بولمىسا، باشقا ۋەسىيسى ئىمزا قويىدۇ:

____________________ -يىل -ئاينىڭ -كۈنى

## كىنىشكا ئەھۋالى چۈشەندۈرۈشى

مېنىڭ__________نومۇرلۇق جۇڭگو " پاسپورتۇم \ " ساياھەت كىنىشكەم -يىل -ئاينىڭ -كۈنى ________

(يەر)دە ☐ئوغرىلاندى ☐ يۈتۈپ كەتتى ☐ بۇزۇلۇپ كەتتى.

**☐ يۈتۈپ كەتكەن پاسپورت تېپىلىپ قالسىمۇ، داۋاملىق ئىشلەتكىلى بولمايدىغانلىقى، پاسپورت تولۇقلاش ئىلتىماسىنى بىكار قىلىشقا بولمايدىغانلىقى ھەمدە بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان قانۇن جاۋابكارلىقىنى ئۈستۈمگە ئالىدىغانلىقىمنى** ئۇقتۇردى ھەمدە ئۇنى جەزىملەشتۈردۈم. بىكار قىلىنغان پاسپورت بىلەن چېگرادىن كىرىپ - چىقسام رەت قىلىنىشىم ياكى مۇناسىپ جازاغا ئۇچرىشىم مۇمكىن.

مەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت تەۋەلىكى قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پاسپورت قانۇنى»نىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىنى بىلىمەن. مەن شۇنداق بايانات بېرىمەنكى، بۇگۈنگىچە ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن جۇڭگودىن باشقا دۆلەتنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ باقمىدىم ياكى جۇڭگودىن باشقا دۆلەتنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىگە ئېرىشىپ باقمىدىم .

**يۇقىرىقى ئەھۋاللار ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىسا، بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان بارلىق قانۇن جاۋابكارلىقى ۋە ئاقىۋەتنى ئۈستۈمگە ئېلىشنى خالايمەن.**

بايانات بەرگۈچىنىڭ ئىمزاسى: __________

-يىل -ئاينىڭ -كۈنى

## دۆلەت تەۋەلىكى ئەھۋالى توغرىسىدىكى بايانات

بايانات بەرگۈچىنىڭ ئىسىم-فامىلىسى:______________،

جىنسى: ___ ، تۇغۇلغان ۋاقتى: ___________________________

جۇڭگو پاسپورتىنىڭ نومۇرى (ئەگەر بار بولسا):___________

جۇڭگو كىملىكىنىڭ نومۇرى (ئەگەر بار بولسا):__________

تۇرۇشلۇق جايدىكى تېلېفون نومۇرى:_________

تۇرۇشلۇق ئادرېسى:_______________

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت تەۋەلىكى قانۇنى» نىڭ 3-ماددىسىدا: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ قوش دۆلەت تەۋەلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن؛ 9-ماددىسىدا: چەت ئەلدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان جۇڭگو پۇقرالىرىدىن ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن چەت ئەلنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىگە ئۆتكەنلىرى ياكى ئېرىشكەنلىرى جۇڭگونىڭ دۆلەت تەۋەلىكىدىن ئۆزلۈكىدىن مەھرۇم قالىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پاسپورت قانۇنى»نىڭ 13ـ ماددىسىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن، ئىلتىماس قىلغۇچىلاردىن تۆۋەندىكى ئەھۋالنىڭ بىرى بولغانلىرىغا پاسپورت بەرگۈچى ئورگان پاسپورت بەرمەيدۇ: (1) جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىدە بولمىغانلار؛ (2) سالاھىيىتىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمىگەنلەر؛ (3) ئىلتىماس قىلىشتا ساختىپەزلىك قىلغانلار؛ 17-ماددىسىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن، ساختىپەزلىك قىلىپ پاسپورت ئېلىۋالغانلارنىڭ پاسپورتىنى پاسپورت بەرگۈچى ئورگان يىغىۋالىدۇ ياكى پاسپورتىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەر قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

**<u>ئەگەر ئىلتىماس قىلغۇچى 16 ياشتىن ئاشقان بولسا، تۆۋەندىكى باياناتقا ئىمزا قويىدۇ:</u>**

يۇقىرىقى ماددىلاردىن ئېنىق خەۋەردار بولدۇم، مەن شۇنداق بايانات بېرىمەنكى، بۇگۇنگىچە جۇڭگودىن باشقا دۆلەتنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىگە ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن ئۆتۈپ باقمىدىم ياكى ئېرىشىپ باقمىدىم. يۇقىرىقى باياناتىم ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىسا، بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان بارلىق قانۇن جاۋابكارلىقى ۋە ئاقىۋەتنى ئۇستۇمگە ئالىمەن.

بايانات بېرىشكە تېگىشلىك باشقا ئىشلار(ئايرىم بەتكە يېزىشقا بولىدۇ): ____________________

بايانات بەرگۇچىنىڭ ئىمزاسى: __________________

-يىل -ئاينىڭ -كۇنى

**<u>ئىلتىماس قىلغۇچى 16 ياشقا توشمىغان بولسا، ۋەسىيسى تۆۋەندىكى باياناتقا ئىمزا قويىدۇ:</u>**

مەن (ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ ☐ ئاتىسى، ☐ ئانىسى، ☐ قانۇندا بەلگىلەنگەن باشقا ۋەسىيسى) يۇقىرىقى ماددىلاردىن ئېنىق خەۋەردار بولدۇم، شۇنداق بايانات بېرىمەنكى، ئىلتىماس قىلغۇچى بوگۇنگىچە باشقا دۆلەتنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ باقمىدى ياكى ئېرىشىپ باقمىدى. يۇقىرىقى باياناتىم ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇن بولمىسا، بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان بارلىق قانۇن جاۋابكارلىقى ۋە ئاقىۋەتنى ئۇستۇمگە ئالىمەن.

بايانات بېرىشكە تېگىشلىك باشقا ئىشلار(ئايرىم بەتكە يېزىشقا بولىدۇ):____________________

____________________________

بايانات بەرگۇچىنىڭ ئىمزاسى: __________________________

-يىل -ئاينىڭ -كۇنى

# ئومۇمىي تەلەپ

ئىلتىماس قىلغۇچى يېقىنقى ئالتە ئاي ئىچىدە چۈشكەن رەقەملىك رەسىمنى تاپشۇرۇشى كېرەك. رەسىمنىڭ تەگ رەڭگى ئاق بولۇشى، ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ يۈزى ۋە بېشى ئېنىق كۆرۈنۈشى كېرەك. ئەگەر ئىلتىماسنى قوبۇل قىلغۇچى كونسۇلخانا قەغەزگە بېسىلغان رەسىم تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلسا، رەسىم چوقۇم رەسىمخانىدا مەخسۇس يۇيۇپ چىقىرىلغان بولۇشى ياكى مەخسۇس رەسىم قەغىزىگە بېسىپ چىقىرىلغان بولۇشى كېرەك. رەسىمنى ئۆزگەرتىشكە، كىرىشتۈرمە رەسىم ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. رەقەملىك رەسىم چوقۇم JPEG شەكلىدە بولۇشى، ھەجىمىنىڭ چوڭلۇقى 30k بىلەن 80k ئارىسىدا بولۇشى كېرەك. ئەگەر رەسىم تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىسا، قايتىدىن تاپشۇرۇش كېرەك.

**يۈز قىسمى توغرىسىدىكى تەلەپ:**

چىراي ئىپادىسى تەبىئىي، ئىككى كۆزى ئوچۇق، كالپۇكى تەبىئىي يېپىق، بارلىق چىراي ئالاھىدىلىكى ئېنىق كۆرۈنۈش كېرەك؛ كۆزئەينەك تاقاشقا بولىدۇ، ئەمما رەڭلىك كۆزئەينەك بولماسلىقى كېرەك، نۇر چاقناش، كۆلەڭگە ياكى كۆزئەينەك جازىسى تۇپەيلىدىن كۆز قىسمى ئېنىق كۆرۈنمەي قالسا

بولمايدۇ؛ ياردەمچى تىڭشىغۇچ ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىنى تاقاشقا بولىدۇ.

**باشتىكى زىننەت بۇيۇملىرى:**

ئىلتىماس قىلغۇچى بېشىنى ياپىدىغان نەرسە ئىشلەتسە بولمايدۇ (دىن، داۋالاش ۋە مەدەنىيەت ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن بېشىنى يېپىشقا توغرا كەلسە، يۈز قىسمىنى يېپىۋالماسلىقى ياكى يۈزگە كۆلەڭگە چۈشۈرمەسلىكى كېرەك). مەڭگۈلۈك بولمىغان زىننەت بۇيۇمى بىلەن يۈز قىسمىنى توسۇشقا بولمايدۇ.

**(رەسىم نۇسخىسى)**

رەسىم ئۆلچىمى:

كەڭلىكى 33mm، ئېگىزلىكى 48mm، بۇنىڭ ئىچىدە باش قىسمىنىڭ كەڭلىكى 15mm–22mm، باش قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى (ئېڭەكتىن باشنىڭ چوققىسىغىچە) 28mm–33mm، باشنىڭ چوققىسىدىن رەسىمنىڭ ئۈستى گىرۋىكىگىچە بولغان ئارىلىق 3mm–5mm بولۇشى، ئېڭەكتىن رەسىمنىڭ ئاستى گىرۋىكىگىچە بولغان ئارىلىق 7mm دىن كىچىك بولماسلىقى كېرەك.

تەلەپكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان رەسىملەر:

